# شىنجاڭ گېزىتى

2021 ـ يىل 1 ـ ئاي
29
جۈمە
维吾尔文 1月29日
25321 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　تيانشان تورى: www.ts.cn


## شى جىنپىڭ بولىۋىيە زۇڭتۇڭى ئارسې بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچتە بولىۋىيە زۇڭتۇڭى ئارسې بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن بولىۋىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 36 يىلدىن بۇيان،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مېكسىكا زۇڭتۇڭى ۋە سۇرىنام زۇڭتۇڭىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مېكسىكا زۇڭتۇڭى لوپېزغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، لوپېزدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى سەۋەبلىك ھال سورىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

«مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇنىۋېرسال ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» «ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» «19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات» «2020 ـ يىللىق مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى قاراپ چىقتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، «مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇنىۋېرسال ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»، «ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات» ۋە «2020 ـ يىللىق مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلارنىڭ 2021 ـ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى. يىغىندا مۇنداق قارالدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، بەش پارتىيە گۇرۇپپىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشقا پائال تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى　يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش　كەلگۈسى ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى④

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ شيا

قاتمۇقات تاغلار، گىرەلىشىپ كەتكەن جىلغىلار... ئون يىل ئىلگىرى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى مارياڭ يېزىسى پىل كەنتىدىكى بالىلار تاغ ئېگىز، يول يىراق بولغاچقا، تىك يارغا يامىشىپ، ئاسما ئارغان بىلەن سىيرىلىپ ئاندىن مەكتەپكە كېلەلەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە، تۈپتۈز ئاسفالت يوللار كەنت ئىچىگىچە تۇتاشتۇرۇلدى، ئوقۇش باشلانغاندا، مەكتەپ ئاپتوموبىلى كېلىپ بالىلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئىلگىرىكى يول يۈرۈش تەس بولۇش ياكى ئائىلىسى نامرات بولۇش سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىش، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش ئەھۋالى ئەمدى كۆرۈلمەيدۇ، يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قاناتلىنىپ ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ پەرۋاز قىلدى.

بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ، مائارىپ كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ. مائارىپ نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسىدىغان ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ۋە نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە نامرات رايونلارغا مايىللىشىپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

### يېزا مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، خۇش خەۋەر كېلىشى بىلەن، يەكەن ناھىيەسى ئىشقۇل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى ـــ مەكتەپ «2020 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر مەكتەپ پۇتبولىدا خاسلىقى بار مەكتەپ» بولۇپ تاللانغانىدى.

«مەكتىپىمىزنىڭ قىياپىتى يىلدىن ـ يىلغا يېڭىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ تەربىيەلەشكە تېخىمۇ ياخشى شارائىتىمىز بار بولدى» دېدى ئىشقۇل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ جۈن خۇشال ھالدا.

ئىشقۇل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرسىڭىز، ئوقۇتۇش بىناسىدا مۇزىكا ئۆيى، گۈزەل سەنئەت ئۆيى، تەجرىبىخانا قاتارلىقلار تولۇق بولۇپ، سىرتتا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

## سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسى 2020 ـ يىللىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش باش تېما قىلىندى، بەنزە خىزمىتى ۋە شەخسنىڭ ئىدىيە،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

## يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ تەقدىم قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش باش تېما قىلىندى، بەنزە خىزمىتى ۋە شەخسنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## ئىللىق مۇلازىمەت قەلبلەرنى ئىللىتتى

ـــ شىنجاڭ تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا چاغانلىق يولۇچى توشۇشنىڭ تۇنجى كۈنىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لۇ فېڭباۋ

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 2021 ـ يىللىق چاغانلىق يولۇچى توشۇشنىڭ تۇنجى كۈنى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، مۇخبىر پويىزغا چىقىدىغان يولۇچىلارغا ئەگىشىپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ پويىز كۈتۈش زالىغا كىردى.

سىچۈەنگە بارىدىغان يولۇچى خۇاڭ لىيشىڭ ئورۇندۇقتا خاتىرجەم ئولتۇراتتى، ئۇ ئۈرۈمچىدە بىر يىل ئالدىراش ئىشلىدى، ھازىر ئۆيىگە قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەمراھ بولماقچى ئىكەن. «ئۆيۈمدىكىلەرنى تېزلا كۆرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتىمەن. مەن شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىپ، يۇرتۇمغا بىخەتەر قايتىمەن» دېدى ئۇ.



1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بىر پىدائىي ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا يولۇچىلارغا چۈنلىيەن سوۋغا قىلماقتا. □ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى چېن مېيخۇا فوتوسى

ئىلگىرىكى يىللاردىكى مىغ ـ مىغ يولۇچىلار ئېقىمىغا ئوخشىمايدىغىنى، بۇ يىل ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا يولۇچىلار كۆرۈنەرلىك ئازايغان بولۇپ، پويىز كۈتۈش زالى ئانچە قىستاڭچىلىق ئەمەس ئىدى. يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشى، پويىز كۈتۈشىدىن تارتىپ بېلەت تەكشۈرتۈشى، ۋوگزال سۇپىسىدا پويىز ساقلىشى قاتارلىقلارغىچە ئىنتايىن تەرتىپلىك بولۇپ، خىزمەتچى خادىملار ھەرقايسى رايونلاردا نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇپ ئىللىق مۇلازىمەت قىلىۋاتاتتى.

«بۇ يىل يولۇچىلار ئازايغان بولسىمۇ، مۇلازىمەت سۈپىتىمىز تۆۋەنلىمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتى، كونكرېتلاشتى» دېدى ئۈرۈمچى ۋوگزالى يولۇچى توشۇش ئۈچاستكىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ چاڭيۈەن.

ۋوگزالغا كىرىش ئېغىزىدا، مۇخبىر ئىلگىرىكى بېلەت تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى پويىز كۈتۈش زالىنىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەنلىكىنى كۆردى، بۇنداق بولغاندا يولۇچىلار بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپلا تېز سۈرئەتتە ۋوگزالغا كىرەلەيدىغان بولۇپ، زال سىرتىدا ساقلاش ۋاقتى قىسقىرايتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## □ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

### پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۆپۈرۈپ تاشلىنىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى　مەڭلىك سىيىت

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ئېلان قىلغان شىنجاڭغا ئالاقىدار باياناتىدا پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، ئۇنىڭ مەقستى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش بولۇپ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پومپېئونىڭ بۇنداق يالغانچىلىق قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىدىغان،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ

شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى　ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز

يېقىندا، پومپېئو ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «بايانات» ئېلان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، خالىغانچە قارا چاپلىدى، بۇ خىل قىلىقچە تۆۋەن چەك بولمىغان يامان غەرەزدە داغ تەگكۈزۈش ۋە تۆھمەت قىلىپ بوھتان چاپلاش كىشىلەرگە پومپېئونىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە رەزىل غەرىزىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى.

ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەزمەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەققىي ئەھۋال ئارقىلىق پومپېئونىڭ «ئەسىر يالغان ـ ياۋىداق سۆزى»نى ئېچىپ تاشلاپ، ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق پومپېئوغا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھەققىي ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

پومپېئونىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قىلدى»

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

新疆日报　石榴云　天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团